# 159831 ـ قۇرئان كەرىم بىلەن تەۋرات ھۆكۈملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى

**سۇئال**

بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئىسلام دىنى بىلەن يەھۇدىيەت ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، قۇرئان ۋە تەۋراتتىن ئىبارەت ئىككى كىتاب ھەر بىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر. ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىم تەلىماتلىرى تەۋراتنىڭ تەلىماتلىرىدىن پەرقلىق؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: ئالدى بىلەن سىزنىڭ بىزنىڭ تور بېكىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قارشى ئالىمىز. ئاللاھ تائالادىن بىزنى سىزگە پايدىلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىيەلىشىمىزگە مۇيەسسەر قىلىشىنى، شۇنداقلا بۇ مەلۇماتلارنىڭ سىزگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىنى سورايمىز.

ئىككىنچى: سىز ئاللاھ تائالا يولغا قويغان يەھۇدىيەت دىنى، ئۇلارغا چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتاب تەۋرات توغرىسىدا سۆزلىدىڭىز، توغرا سىز ئېيتقاندەك ئىسلام دىنى بىلەن يەھۇدىيەت قارشى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە چوقۇنماسلىق، بارلىق پەيغەمبەر ـ ئەلچىلەرگە ئىشىنىش مەسىلىسى، ئاخىرەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندىكى ھېساب، جەننەت ـ دوزاخ قاتارلىق مەسىلىلەردە ئوخشاش بولىسمۇ لېكىن، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرى ۋە ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدىكى شەرئىي پرىنسىپلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىسلام دىنى بىلەن يەھۇدىيەت قارشىنىڭ ئارىسىدىكى ئاساسى پەرق، قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرنىڭ تەۋرات تەلىماتلىرىغا ئوخشىماسلىقىدىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًاتەرجىمىسى:(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. [سۈرە مائىدە 48-ئايەت].

ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئايرىم شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كۆرسەتمىلىرى بار. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى دىنىنىڭ ئەسلىگە ئوخشاتتى، ئۇ بولسىمۇ تەۋھىد، ئەقىدە ۋە ئاللاھنى يەككە ـ يىگانە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭشەرىئەت، ئىبادەت مەسىلىلىرىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا جەمەتى بىر بولغان، ئانا جەمەتى باشقا بولغان

قىرىنداشلاردىندۇر، ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر دېگەن. [بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

(يەنى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى؛ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرئى پرىنسىپلىرىدا ئوخشاشىماسلىق بولغان بىلەن، دىنىنىڭ ئاساسى بىر دېگەنلىكنى مەقسەت قىلىدۇ_ م_).

پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر دۇر. ئۇ بولسىمۇ تەۋھىد ۋە ئاللاھ تائالانى يەككە_يىگانە بىر دەپ ئىبادەت قىلىشتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ شەرئەت_ھۆكۈملىرىنىڭ تەپسىلاتى بىر_بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىگە مۇۋاپىقتۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە، ئەۋلادلىرىغا ۋە ئۇلار ياشىغان زامانغا ماس كېلىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان شەرئىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ شەرئىتىدە، ئوغۇلنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس ئىدى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا نەسىل قالدۇرۇش ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن مۇمكىن بولمايتتى. ئاندىن زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ شەرئىتىمۇ يېڭى زامان ۋە يېڭى ئەۋلادلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەرئەتكە ئۆزگەرتىلدى. گەرچە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتىدە ئاكا ئۆز سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس بولغان بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ شەرئىتىدە ئاكا بولغۇچىنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن نىكاھلىنىشى هارام قىلىندى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتىدە ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال قىلىنغان ئىدى، لېكىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بەزى نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ ئىستىمال قىلىشتىن چەكلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھاراملىقى بېكىتىلىپ، ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن شەرئەت قىلىندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: كُلُّ الطَّعَامِ كَانَ حِلًّا لِّبَنِي إِسْرَائِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسْرَائِيلُ عَلَىٰ نَفْسِهِ مِن قَبْلِ أَن تُنَزَّلَ التَّوْرَاةُ تەرجىمىسى: تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. [سۈرە ئال_ئىمران 93-ئايەت].

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ شەرئىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتىدىن يەڭگىل ئىدى، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان ناسارالارغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتىدە چەكلەنگەن بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ ۚ وَجِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَاتَّقُوا اللَّـهَ وَأَطِيعُونِ تەرجىمىسى: مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە (مېنىڭ ئەمرىمگە) ئىتائەت قىلىڭلار. [سۈرە ئال_ئىمران50-ئايەت].

ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان كەرىم شەرئىتى يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتى كەلدى. بۇ شەرئەتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىمۇ ئەھلى كىتاب شەرئەتلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشىمىغاندەك ئۆزىدىن ئىلگىرىكى شەرئەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ شەرئىتى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان، بارلىق پرىنسىپلاردىن مۇكەممەلراق ۋە ياخشىراق بولغان ئەڭ ئاخىرقى بۇ شەرئەت، قىيامەتكىچە ھەرزامان ھەرماكانغا مۇناسىپ كېلىدۇ. مانۇ بۇ قۇرئان كەرىم ھۆكۈملىرىنىڭ تەۋراتنىڭ

هۆكۈملىرگە ئوخشىماسلىقىدىكى ئاساسى سەۋەبدۇر. تەۋرات بەنى ئىسرائىلغا خاس بولغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ هۆكۈملىرى قىيامەتكىچە داۋاملاشمايدۇ، تەۋرات هۆكۈملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ناسارالارنىڭ شەرىئىتىدە كۆچكە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەۋراتتا چەكلەنگەن بەزى نەرسىلەر ناسارالارغا هالال قىلىنغان. ئىنجىل بىلەن تەۋراتنىڭ هۆكۈملىرى مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئىجرا قىلىنىشى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلگەندە مەزكۇر هۆكۈملەر ئەمەلدىن قالغان، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئېلان قىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەگەر ئۇلار هايات ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلسە، ئۆزىنىڭ شەرىئىتىنى تاشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِذْ أَخَذَ اللَّـهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُم مِّن كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُّصَدِّقٌ لِّمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنصُرُنَّهُ ۚ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَىٰ ذَٰلِكُمْ إِصْرِي ۖ قَالُوا أَقْرَرْنَا ۚ قَالَ فَاشْهَدُوا وَأَنَا مَعَكُم مِّنَ الشَّاهِدِينَ ، فَمَن تَوَلَّىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدىلا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە هېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن هېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك (دېدى). ئاللاھ: (بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟ دېدى. ئۇلار: ئېتىراپ قىلدۇق دېدى. ئاللاھ: (ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئەۋلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن دېدى. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنى ئەھدىنى بۇزسا)، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر» [سۈرە ئال ـ ئىمران 81–82–ئايەت].

قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئىتى قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن تارتىپ قىيامەتكىچە كىلىدىغان بارلىق ئىنسانىيەت جىنسىغا مۇناسىپ بولسۇن ئۈچۈن، ئىلگىرىكى كەلگەن بارلىق شەرئى پرىنسىپلارغا ئوخشىمايدىغان بىر شەكىلدە كەلگەن.

قېرىندىشىم! سىز هازىر مەۋجۇت بولغان تەۋرات توغرىسىدا سۆز قىلدىڭىز، گەرچە سىزگە بىرئاز ئېغىر كەلسىمۇ ھەقنى ئوچۇق بايان قىلىمىز. سىزگە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز. بۇ، سىزنىڭ ھەقىقەتكە يېتىشىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىڭىزدە تۈرتكىلىك رول ئوينىسا ئەجەب ئەمەس.

ھەقىقى سۆزنى دېسەك؛ هازىر مەۋجۇت بولغان تەۋرات ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالامۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن تەۋرات ئەمەس. بەلكى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئۆزگەرتىش، زىيادە قىلىش، كېمەيتىش، مەنىلىرىنى بۇرمىلاش قاتارلىق ئىشلار سادىر بولغان. بۇ بىز سۆزلەۋاتقان مەسىلىدە سۆزلىنىدىغان تېما ئەمەس. بىز پەقەت سىزنىڭ يەنىمۇ كۆپرەك ئىزدىنىشىڭىزگە تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن بۇنى مىسال شەكلىدە بايان قىلدۇق.

هازىر مەۋجۇت بولغان تەۋرات بولسا ئاللاھنىڭ كالامى بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، باشقىلار

تەرپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، توقۇلما-يالغان سۆزلەرنىڭ قوشۇلغانلىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ھازىرقى تەۋراتنى ئاللاھنىڭ كالامى ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.

بۇنىڭ مىساللىرىدىن:

1-ھازىر مەۋجۇت بولغان تەۋرات ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلارغا ئوخشىتىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىسىدىن: "ئاللاھ تائالا پۈتۈن بىر كېچە ياقۇپ بىلەن چېلىشتى، ئۇنى ياقۇپ يېڭىۋالدى!." يەنە: "ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى كۆزى ئاغرىپ قالغانغا قەدەر يىغلىدى، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈردى!". ئاللاھ تائالا زالىم-جاھىل، كاپىرلارنىڭ توقۇلما سۆزلىرىدىن پاك ۋە ھەممىدىن يۈكسەكتۇر.

2-ھازىر مەۋجۇت بولغان تەۋرات پەيغەمبەرلەرنى تىللايدىغان، سۆكىدىغان، ئۇلارغا تەنە قىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىسىدىن: "ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر دانە موزاينى ياسىدى ۋەئىسرائىل ئەۋلادلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇ موزايغا ئىبادەت قىلدى". يەنە: "لۇت ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى قىزى بىلەن زىنا قىلدى". يەنە: "سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ھاياتىدا مۇرتەت بولۇپ كەتتى، بۇتلارغا چوقۇندى ۋە بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئىبادەتخانىلارنى(بۇتخانىلارنى)ياساتتى».

3-ھازىرقى تەۋرات مۇمكىن بولمايدىغان، بىر-بىرىگە زىت بولغان ۋە خاتا سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توغرىدا تەپسىلى مەلۇماتلارنى بايان قىلغان كىتاب، فرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر مورىس بوكاينىڭ ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىلىم-پەن ئۆلچىمىدە تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان ناملىق ئىككى ئەسىردىن ئىبارەتتۇر. ئاپتور بۇ كىتابىدا تەۋرات بىلەن ئىنجىلدىكى خاتالىقلارنى ئىلمى ئۇسۇلدا بايان قىلىش بىلەن بىرگە، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوقلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مورىس بوكاي ئىككىنچى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى 29-بەتتە مۇنداق يازىدۇ: "مۇشۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئىزدىنىپ، ئىلگىرىكى ھۆكۈم ۋە پىكىرلەرگە نەزەر سالماستىن ئوبيېكتىپ بىر پوزىتسىيەدە تۇرۇپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىلەن، ئىلىم-پەن قارىشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئورتاقلىشالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ باردىم.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق قۇرئان كەرىمدە تەبىئەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئىشارەت قىلىنغان نۇرغۇن دەلىللەرنى بىلگەن بولساممۇ، بۇنىڭدىن پەقەت قىسقا ۋە ئىخچام مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقىمنى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئەرەب تىلى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭدا ئىشارەت قىلىنغان تەبىئەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېسىمدە تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشتىن كېيىن ماڭا شۇ ئايان بولدىكى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېڭى ئىلىم-پەن نەزەرىيىسىگە زىت كېلىدىغان تەنقىتلەشكە تېگىشلىك بىرەر خەۋەرنىمۇ ئۆز

ئېچىگە ئالمايدىغانلىقى، مەن ئېلان قىلماقچى بولغان كەسكىن نەتىجىدۇر.

بۇ تەجرىبە سىناقنى تەۋراتنىڭ ئەھدى قەدىمگە ئالاقىدار بولغان قىسمىدا ۋە ئىنجىلگە ئالاقىدار بولغان جايلاردا ئوبيېكتىپ قاراشنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم تەكرار ئىزدەندىم.

تەۋراتقا ئالاقىدار بولغان ئىشلاردا شۇنداقلا تەۋراتتىن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە، تەۋراتنىڭ "سەپەر ئەتتەكۋىن" بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتمىدىم، ئەمما تەۋراتتىن يېڭى ئىلىم-پەن بىلىملىرىدە تولۇق كۆچكە ئېگە بولغان ئىلمى ھەقىقەتلەرگە ماس كېلىدىغان ئىلمى ھۆكۈملەرنى ھېچ تاپالمىدىم». (مورىس بوكايىنىڭ سۆزى تۈگىدى).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلمى ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ھازىر مەۋجۇت بولغان تەۋراتنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى مۇنداق ئىككى سەۋەب بىلەن ئىخچاملاشتۇرىمىز:

1-پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى.

2-زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن تەۋراتتا يۈزبەرگەن تۈرلۈك ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش ۋە ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى خالىغانچە پايدىلىنىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالادىن بىزلەرگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى